دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولى

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە دائىر نوقتىلىق كىتابلاردىن

ZHONGGUOGONGCHANDANG
XINSHIQI JIANSHI

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قىسقىچە تارىخى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولى

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە دائىر نۇقتىلىق كىتابلاردىن


ج ك پ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى


ZHONGGUOGONGCHANDANG
XINSHIQI JIANSHI

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قىسقىچە تارىخى


مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

中国共产党新时期简史：维吾尔文/中共中央党史研究室著；买买提艾力等译. 一北京：民族出版社，2008.12

（强国指路：纪念改革开放30周年重点书系）

ISBN 978 - 7-105-09691-6

Ⅰ.中... Ⅱ.①中…②买… Ⅲ.中国共产党—党史—1978～2008—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.D232

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第196474号

出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社 址：北京市和平里北街14号 邮编：100013
电 话：010-64290862（维文室）
印 刷：北京迪鑫印刷厂
版 次：2009年2月第1版 2009年2月北京第1次印刷
开 本：1/16 787×1092毫米
印 张：23.5
定 价：29.00元

ISBN 978—7—105—09691—6/D.1516(维268)

مەسئۇل مۇھەررىر : تۇرغۇن داۋۇت
مەسئۇل كوررېكتور: قەلبىنۇر ياسىن

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قىسقىچە تارىخى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2009 ـ يىل 2 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2009 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1092×787 م م. 16 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 23.5
باھاسى : 29.00 يۈەن

ISBN 978—7—105—09691—6/D.1516(维268)

# «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولى ـــ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە دائىر نۇقتىلىق كىتاب تۈرى»

## تەھرىر ھەيئەتلەر

**مۇدىر:** ليۇ بىنجيې  لى دوڭشېڭ
**مۇئاۋىن مۇدىر:** ۋۇشۇلىن  لى جۇڭجيې  شىڭ پېنسى
**ھەيئەت ئەزالىرى:** (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۈ پېيۋېي | ۋاڭ زىشيەن | ۋاڭ يىڭلى | فېڭ فېي |
| گۇەن رۈيجيې | سۇن دالى | لى باۋجۇ | ۋۇ شاڭجى |
| جاڭ شياۋيىڭ | جاڭ جويۇەن | جاڭ شۇجۈن | شاۋ ۋېيجېڭ |
| شى زىخەي | خۇ لېمىڭ | خۇ جېيى | گو ۋېي |
| گو يىچياڭ | گو دېخۇڭ | خۇاڭ شۇيۇەن | يەن جيەنچى |
| پېڭ خۇڭ | چېڭ جۇڭيۇەن | چېڭ ئېنفۇ | شيې چۈنتاۋ |
| خەن يۈ | خەن جىچياڭ | | |

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978-يىلىنىڭ ئاخىرى ئېچىلغان زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 3-ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا يېڭى تارىخىي دەۋر ئاچتى. شۇنىڭدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە ئاجايىپ يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى سەلتەنەتلىك داستانىنى يازدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ قىياپىتى، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قىياپىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — پارتىيە يېڭى تارىخىي شارائىتتا خەلقنى يېتەكلەپ ئېلىپ بارغان يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى؛ ئېلىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىزمنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى؛ جۇڭگونىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش پارتىيىنىڭ ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىش داۋامىدا قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئېرىشىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى؛ پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەر-

لىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەك-لەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى؛ پارتىيىنىڭ جىياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەر-كىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى، تەرەققىي قىلدۇردى ۋە ئۇنى 21 - ئەسىرگە باشلاپ كىردى؛ خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق ئالغا سىلجىتتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. جۇڭگو تارىخى-دا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ چوڭ ئىسلاھات، چوڭ ئېچىۋېتىش يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-كى تۈزۈلمىسىگە، بېكىنمە ۋە يېرىم بېكىنمە ھالەتتىن ئومۇمىي دائىرىلىك ئېچىۋېتىش-كە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىشقا ئاشۇرۇلغان تېز تەرەققىيات يېڭى دەۋردىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت. جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى جۇڭگو خەلقىنى باياشات-لىقنىڭ داغدام يولىغا باشلاپلا قالماي، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئالغا بېسىشىغا زور تۆھپە قوشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىشقا ئاشۇرغان دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بەلگىسى. ئىسلاھات، ئېچى-ۋېتىش يولىغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك، قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش، قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قانداق تەرەققىي قىلىش كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش چوڭ - چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلە-لەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگولىشىشىنى ئۈز-لۈكسىز ئىلگىرى سۈردى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاسا-سىي پروگراممىسى، ئاساسىي تەجرىبىسىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى بېيىتتى. سوتسىيالىزم ۋە ماركسىزم جۇڭگودا زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، خەلقنى تېخىمۇ كۆپ بەختكە ئېرىشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو چوڭ قەدەم تاشلاپ دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا

يېتىشۋېلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

پاكىت شۇنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھازىرقى زاماندا جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تاللاش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى؛ سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشلا جۇڭگونى، سوتسىيالىزمنى ۋە ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. پارتىيىمىز ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇپ ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، مەڭگۈ قاتماللاشماي ۋە مەڭگۈ توختاپ قالمىغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ماڭغانسېرى داغدامىلىشىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغىنىغا 30 يىل بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئاساسىي ئەمەلىيەت ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە تەتقىق قىلىش بىزنىڭ بۇ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈشتىكى مەقسىتىمىز. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىللىق ئۇلۇغ مۇساپىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەجرىبىلىرى ئىنتايىن مول. بىز بۇ كىتابنى يازغاندا ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە ئەسلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، بۇ 30 يىللىق تارىخىي مۇساپىسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتۇق، لېكىن سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، بۇ 30 يىللىق تارىخنى ئاددىيغىنە ئەسلەپ ئۆتتۇق، كىتابتا توغرا بولمىغان ۋە چۈشۈپ قالغان جايلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش تەس، پارتىيە تارىخى خىزمەتچىلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد بېرىشى ۋە خاتالىقنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

بۇ كىتابنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى
2008 ـ يىل 8 ـ ئاي

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .................... 1

**بىرىنچى باب تارىخىي ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باش-**
**لىنىشى** .................... 1

بىرىنچى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئۈستىدە ئىز-
دىنىشى ۋە تارىخىي بۇرۇلۇشنىڭ مۇقەددىمىسى .......... 1

ئىككىنچى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىـ-
غىنى ۋە خىزمەت مەركىزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشى ........ 8

ئۈچىنچى، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇ-
رۇلۇشى .................... 17

تۆتىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باشلىنىشى ۋە پىلانلىق ئىگى-
لىك تۈزۈلمىسىنىڭ دەسلەپكى زەربىگە ئۇچرىشى .......... 30

بەشىنچى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى
ياخشىلاش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىشى ...... 53

**ئىككىنچى باب جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش-**
**نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى** .................... 62

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش
نىشان قىلىنغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ دەسلەپكى قە-
دەمدە شەكىللىنىشى .................... 62

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايـ-
دۇرۇش پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى .......... 70

ئۈچىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى ... 76

تۆتىنچى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق
قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى ... 94

بەشىنچى، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەڭ-
شىلىشى ۋە «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنىنىڭ شە-
كىللىنىشى .......................................... 101
ئالتىنچى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كادىر-
لار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ..................... 111
**ئۈچىنچى باب ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىششى ۋە تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش-
نىڭ يولغا قويۇلۇشى .......................................... 121**
بىرىنچى، پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باس-
قۇچى نەزەرىيىسى .......................................... 121
ئىككىنچى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشى ۋە تۈزەش-
تەرتىپكە سېلىشنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلۇشى ...... 130
ئۈچىنچى، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي بوران - چاپقۇننى تىنچىتىش ۋە
يېڭى مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ... 140
تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيە بىلەن ئام-
مىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش .................. 148
بەشىنچى، ئىناق قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيىسى قانات يايدۇرۇلدى ۋە
غەربنىڭ «جازاسى» بۇزۇپ تاشلاندى ..................... 157
ئالتىنچى، تۈزەش - تەرتىپكە سېلىشنىڭ تاماملىنىشى ۋە ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشى .................. 164
**تۆتىنچى باب سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلدى
ۋە ئىشلار تەرەققىي قىلدى ................................ 179**
بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان
سۆزى ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ............ 179
ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا
قىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى ................................ 190
ئۈچىنچى، ماكرولۇق تەڭشەش مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلدى،
ئەسىر ھالقىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى
تۈزۈلدى .......................................... 197

تۆتىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش تىرد-
شىپ ئىلگىرى سۈرۈلدى .................................... 208
بەشىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى داۋاملىق
كۈچەيتىلدى .................................... 219
ئالتىنچى، شياڭگاڭ، ئاۋمېننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش ۋە
دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەق-
قىياتى .................................... 224
**بەشىنچى باب جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرگە ئېلىپ
كىرىش .................................... 236**
بىرىنچى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نە-
زەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش .................. 236
ئىككىنچى، ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئاسىيا پۇل
مۇئامىلە كرىزىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇش ...... 245
ئۈچىنچى، ئەسىر ھالقىغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈش ۋە
يولغا قويۇش .................................... 258
تۆتىنچى، ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگى-
رى سۈرۈش ۋە يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن تاشقى مۇناسىۋەتنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش .................................... 271
بەشىنچى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ شەكىل-
لىنىشى .................................... 285
**ئالتىنچى باب ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يېڭى باسقۇچىغا
قەدەم قويۇش .................................... 298**
بىرىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ دەسلەپكى
قەدەمدە ئورنىتىلىشى ۋە ھاللىق جەمئىيەت نىشانىنىڭ ئومۇمىي
جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى .................................... 299
ئىككىنچى، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئى-
يەت بەرپا قىلىش پروگراممىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ............ 307
ئۈچىنچى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە سوت-
سىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ............ 317



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

تۆتىنچى، ئارمىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى، دىپلوماتىيە خىزمە-
تى ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئۈزلۈكسىز
ئىلگىرى سۈرۈش ................................. 331
بەشىنچى، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى
ۋە ئىلغارلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ..................... 339
ئالتىنچى، پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ باي-
رىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ داۋاملىق ئالغا بېسىش ............ 347
**خاتىمە** ................................................ 355
**ئاخىرقى سۆز** ........................................... 364

# بىرىنچى باب تارىخىي ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باشلىنىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنى باشلاپ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ ھەمدە جاپالىق ئىزدىنىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئەگرى-توقايلىقلارنىمۇ باشتىن ئۆتكۈزدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم دېگەن چوڭ مۇنازىرىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ مۇزاكىرە ئارقىلىق بىز شەخسكە چوقۇنۇش ۋە «ئىككى ئومۇمەن»نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى قايتا تىكلىدۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978-يىلى 12-ئايدا ئېچىلغان 3-ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشقا قارىتىش تەدبىرى بەلگىلىنىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىش يولى ئېچىلدى. قالايمىقانچىلىقنى تۈزەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە تېز، چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى.

## بىرىنچى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە تارىخىي بۇرۇلۇشنىڭ مۇقەددىمىسى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان يېڭى دەۋر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئۇزاق مۇددەت

ئىزدىنىش ئاساسىدا ئېچىلغان.

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىس-تىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىل-غانلىقىنى جاكارلىدى، جۇڭگو شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، جۇڭگو خەلقى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مىللىي ئازادلىق ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئېغىر ۋەزىپىلەرنى تېز ئورۇنداپ، يېڭى خەلق ھاكىمى-يىتىنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى تەدرىجىي تاماملىدى. 1956 ـ يىلى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈ-زۈمىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملاندى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە سوتسىيالىزم ئاساسىي تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ھازىرقى جۇڭگونىڭ بارلىق تەرەققىياتىنى تۈپ سىيا-سىي شەرت ۋە تۈزۈم ئاساسىغا ئىگە قىلدى.

سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش ۋە قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇچ كەلگەن يېڭى تېما بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پارتىيىمىز سوتسىيالىزم ئاساسىي تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا ئا-ساسلىقى دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەج-رىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ۋە بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، پىلانلىق ئىگىلىكنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورناتتى. بۇ خىل تۈزۈلمە چەكلىك مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تېزدىن زور كۆ-لەملىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇپ، مەلۇم ئەۋزەللىكنى نامايان قىلدى، ئەمما ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىش ۋە بىرلىككە كېلىش جايلار، ئاساسىي قاتلام ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاشقا پايدىسىز بولۇشتەك نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلىدى. 1956 ـ يىلى، ماۋ زېدۇڭ ئېلىمىز-نىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى دەسلەپكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، سوۋېت

ئىتتىپاقنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا، سوتسىيالىزم قۇ-
رۇلۇشىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئون چوڭ مۇناسىۋەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:
ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى چوقۇم
ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەر
خىل ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، جايلارنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاك-
تىپلىقىنى قوزغاش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماۋ زېدۇڭ
يادرولۇقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى
پۈتۈن پارتىيىنى يېتەكلەپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئۇزاق ۋاقىت ئىزدەن-
دى.

جۇڭگودەك ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان ۋە رايونلارنىڭ تەرەققى-
ياتى ئىنتايىن تەكشى بولمىغان چوڭ دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىنتايىن
مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە بولۇپ، پارتىيىمىز ئىزدىنىش داۋامىدا ھەم شانلىق
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەم چوڭقۇر ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. بىر تە-
رەپتىن، پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، بىر قاتار توغرا
فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر ماددىي ۋە تېخنىكا ئاساس ھازىرلاپ، زور
بىر تۈركۈم تايانچ كۈچلەرنى تەربىيىلەپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا
كەلتۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بول-
غانلىقى، ئىچكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى مۇشكۈل ۋە ئېغىر بولغانلىقى، سوتسىيا-
لىزم قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتا تەييار تەجرىبە كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن،
پارتىيىمىز ئىزدىنىش جەريانىدا ئەگرى ـ توقايلىقتىن خالىي بولالماي، «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى»دەك ئون يىل داۋام قىلغان ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر
قاتار ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى.

1956 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا
ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى تەرەپكە
مەركەزلەشكەن: بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەش
مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى ئۆتكۈز-
دى، ئاساسلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالماي، خىزمەت-
نىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋاقتىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكىمىدى؛ ئىككىنچى-
دىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتى مەسىلىسىدە بەك ئالدىراپ كېتىپ، جۇڭ-

گونىڭ ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلدى. بۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئاساسلىق مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىدىن، پارتىيىمىز يېتەكچى ئىدىيىدە «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش» تەك «سولچىل»لىق خاتالىقى ئۆتكۈزۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىدىيىۋى لۇشيەندىن چەتلەپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ دېگەن تۈپ مەسىلىنى ئېنىق بىلەلمىدى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە قارىتا ئېنىق تونۇشتا بولماي، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دېگەن تەلەپكە ئاساسلانمىدى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمىدىكى بەزى نامۇۋاپىق تەرەپلەر ۋاقتىدا ئىسلاھ قىلىنمىدى، نەتىجىدە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى بارغانسېرى قاتماللىشىپ كەتتى. «سولچىل» يېتەكچى ئىدىيە ۋە قاتمال تۈزۈلمە سەۋەبىدىن ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بەك ئېغىر بەدەل تۆلەپ، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرق بەك چوڭىيىپ كەتتى. بۇ ساۋاقلار پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشى داۋامىدا سەلبىي جەھەتتىن تارىخىي ئۆرنەك بولۇپ قالدى.

1976 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى خۇا گوفېڭ ۋە يې جيەنيىڭ قاتارلىق يولداشلار ۋەكىللىكىدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋ، جياڭ چىڭ ۋە ياۋ ۋېنيۈەندىن تەركىب تاپقان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىراقلا تارمار قىلىپ، ئون يىل داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاپىتىگە خاتىمە بەردى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى قايتىدىن توغرا ئىزغا چۈشۈپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىشقا شارائىت ھازىرلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەرھال «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئاقلىنىشقا باشلىدى. 1977 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەركەزدىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئەسلىگە كېلىپ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ رەھبەرلىك قىلىش كۈچى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. 8 ـ ئايدا، پارتىيىمىز 11 ـ قۇرۇلتاي ئېچىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ، تۆتتە زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش تارىخىي ۋەزىپىسىنى قايتا تەكىتلىدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۈرتكىسىدە، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشتا ئالدى بىلەن پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ساھەسىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. ماركسىزمنىڭ «پەن ـ تېخنىكا ــ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن ئاساسىي پرىنسىپى قايتا تەكىتلەندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان زور بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قايتا قۇرۇلدى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى، زىيالىيلارغا قايتىدىن ئەھمىيەت بېرىلدى. 1977 ـ يىلى كۈز ۋە قىشتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىكار قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلدى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئىختىيارىي تىزىملىتىش، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش چارىسى قايتا يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 5 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق ياش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى، 2 مىليون 930 مىڭ ياش (1978 ـ يىلى تولۇقلاپ قوبۇل قىلىنغان 620 مىڭ كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى. بۇ زور تەدبىر دەرھال جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ، بولۇپمۇ بىلىملىك ياشلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ياشلار ئادىل رىقابەتلىشىش ئارقىلىق ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپلا قالماي، بىلىمگە، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش كەيپىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

لېكىن، ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «سولچىل» خاتالىقنىڭ تەسىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇ تەسىر ۋە بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئىدىيە قاتماللىقى ھادىسىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com